# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي 24

پەيشەنبە

维吾尔文 12 月24日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报社出版

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25285 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


## نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتەيلى

### ـــ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا كېلەر يىلى تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، يېڭى كەيپىيات ھاسىل قىلىش كېرەك.» مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە خىزمەتنىڭ كۈچەش نۇقتىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى.

دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، مۇھىتى، شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ

## «ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپ نىزامى»نى ئېلان قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بۇيرۇق ئىمزالاپ، «ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپ نىزامى»نى ئېلان قىلدى، 2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«نىزام»دا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «ھەربىي كومىتېت ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش، ئۇرۇش رايونى ئۇرۇش قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، ئارمىيە تۈرى ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇش» ئومۇمىي پرىنسىپى بويىچە، ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپ سىستېمىسى قايتا بەرپا قىلىنىپ، ئارقا سەپ كاپالىتى مۇناسىۋىتى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئارقا سەپ خىزمىتى تۈزۈمى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارمىيەنىڭ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ساياھەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى

## شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ساياھەت كەسپىنى ئەلالاشتۇرۇش، كۈچەيتىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ تۇك خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ساياھەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» خىزمەت فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش نەتىجىلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش سالمىقىنى زورايتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشمۇ سىياسىي نەتىجە دېگەن ئىلمىي ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىخەتەرلىكى ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقىنى باشقۇرۇش مېخانىزمى، پەن ـ تېخنىكا تىرەكى كاپالىتى مېخانىزمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش سېلىنمىسى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا تۈرتكە بولۇشتا جەددىي قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قوغداشنى جەددىي قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قوغداش بىلەن ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك قوغداشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي گەۋدىسىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي گەۋدىسىنى قوغداش بىلەن ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئومۇمىيۈزلۈك قوغداشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆزگەرتىش كېرەك. ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى پائال چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنىڭ تارىخىي ماھىيەتلىك

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



## فېڭچېڭ نېفىتلىكى دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى قويۇق نېفىتنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تەييار ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفىت نېفىتلىكى ـــ فېڭچېڭ نېفىتلىكى ئومۇمىيۈزلۈك رەقەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇ كۈنى، بۇ نېفىتلىك سىجىل ئون يىل قۇرغان نەرسە تورى قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىچىدە باشلامچىلىق بىلەن قۇدۇق ئېغىزى، تۇرۇبا بىرىكمە گەۋدىسى، ھەم ئېتىش پونكىتىدىن يەنە بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى ۋە پار كىرگۈزۈش پار قازىنىغىچە بولغان پۈتۈن جەريانلىق قويۇق نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

فېڭچېڭ نېفىتلىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قاراماي شەھەر رايونى بىلەن بولغان ئارىلىقى 120 كىلومېتىر كېلىدۇ، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى فېڭچېڭ نېفىتلىك مەشغۇلات رايونى ئېچىپ باشقۇرىدۇ. بۇ يەردىكى خام نېفىتنىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 10 مىليون سانتىپۇئاز (كىنېتىك يېپىشقاقلىقنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى)غا يېتىدۇ بولۇپ، «ئاقمايدىغان نېفىت زاپىسى» دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ ئەلا سۈپەتلىك نافتېنلىق نېفىتتۇر.

«فېڭچېڭ نېفىتلىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىم، ئەمگەك سىجىللىقى زور بولۇش قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، بىز كۈچەش نۇقتىسىنى رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىدىيە ئىسلاھاتى، باشقۇرۇش ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇشقا قويۇپ، فېڭچېڭ نېفىتلىكىنىڭ نەرسە تورى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىستراتېگىيەلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)




**تاشيول تۈردە جەددىي قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ**

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، قۇرۇلۇش خادىملىرى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، بىڭتۇەن 1 ـ شىسىنىڭ 5 ـ تۇەندىن ئارالغىچە بولغان تاشيولىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيەسىنى ھالقىپ ئۆتىدىغان چوڭ كۆۋرۈكنى ياسىماقتا. 5 ـ تۇەندىن ئارالغىچە بولغان تاشيولغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ جەمئىي 2 مىليارد 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، تۈرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 109.7 كىلومېتىر، ھازىر ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ 90%ى تاماملاندى، كېلەر يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاتناش باشلاش مۆلچەرلەنمەكتە. □ ۋاڭ جېچىڭ فوتوسى

## 2020 ـ يىللىق مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە ھەمكارلىشىش ھەم ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە ھەمكارلىشىش ھەم ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى كېڭەشنىڭ مۇدىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يۈ خۇڭچيۇ يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىكتە مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### مېنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىم

## يەنە 2000 كىشىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولىمەن

**بايان قىلغۇچى: قاراقاش ناھىيەسى لەنخەي كەپتەرچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكا باش نازارەتچىسى لىيۇ جياجيا**

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىگە تايىنىپ، 2017 ـ يىلى خىزمەتتىدىشىم بىلەن ئۈرۈمچىدىن قاراقاش ناھىيەسىگە كېلىپ، بۇ يەردە گۆش كەپتىرى يېتىلدۈرۈش بازىسى قۇردۇق. ئۈچ يىلدا بازىمىز 1700دىن ئارتۇق كىشىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. مېنى تېخىمۇ پەخىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، تەربىيەلەش ئارقىلىق نۇرغۇن يۇرتداش زامانىۋى باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، بىر ماھارەتكە ئىگە بولدى. ئىلگىرىكى چۆللۈكتە بۈگۈنكى كۈندە يىلىغا 50 مىڭ جۈپ نەسىللىك

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

دۆڭجياۋەن كەنتى يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتتى ـــ

## كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق كىشى بېشى پايدا تەقسىمات كىرىمى «ئۇدا ئۈچ يىل ئاشتى»

### 5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىر لىيۇ خۇي

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ رەت ـ رەت چىرايلىق تۇرالغۇ ئۆيلىرى، قاتار ـ قاتار رەتلىك دۇكانلار، پاكىز ئاسفالت يوللار، ھەيۋەتلىك تەنتەربىيە سارىيى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈلكە پارلاپ تۇرغان چىرايلىرى... بۇ، جىمسار ناھىيەسىنىڭ ئەرگۈك بازىرى دۆڭجياۋەن كەنتىنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان بىرىنچى تەسىراتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى سىناق نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2016 ـ يىلى، دۆڭجياۋەن كەنتى يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشقا باشلاپ، 2018 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىدى ھەم كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى. بۇ كوپېراتىپقا تايىنىپ، بۇ كەنت يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش، پاينى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، يېزا مۈلۈك بايلىقىنى جانلاندۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تەرەققىيات پايدىسىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈردى. ھازىرغا قەدەر، دۆڭجياۋەن كەنتىنىڭ كوللېكتىپ جۇغلانما مەبلىغى 17 مىليون يۈەنگە يەتتى، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ بۇ يىللىق كىرىمى 3 مىليون يۈەنگە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بۇ يىللىق كىشى بېشى پايدا تەقسىماتى 1800 يۈەنگە يېتىشى مۇمكىن، كەنت «ئۇدا ئۈچ يىل ئېشىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىل 37 ياشقا كىرگەن ۋاڭ فېڭ ئالدىنقى يىللاردا ئىزچىل سىرتتا ئاپتوموبىل ھەيدەپ يۈردى، كەنتتە كوللېكتىپ ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز داۋالىنىش كاپالىتى مۇلازىمىتىنى ياخشىلىدى، ئەلالاشتۇردى

## ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان باشقۇرۇش ياشانغانلارغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا، پراكتىكانت ئاراشجاپ پاما خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى «داۋالىنىش كاپالىتى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ياشانغانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېخنىكىدىن پايدىلىنىشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ھەرقايسى بىرتۇتاش پىلانلانغان رايونلاردىكى داۋالىنىش كاپالىتى تارماقلىرىدىن ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ياشانغانلار قاتارلىق ئاممىنىڭ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)